### مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى

# مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 1 ـ تۈركۈمدىكى ئورۇنلار ئالدى بىلەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق بەش جەھەتتىكى مەسىلىنى مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەر ـ ناھىيە ئىككى دەرىجىلىكنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىق ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلىنى تۈزەشكە دىققەت قىلىشقا قارىتا، مەسىلە تىزىملىكىنى تۈرمۇتۈر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدەپ، تۈزىتىشنى تۇتۇشى؛ 2 ـ تۈركۈمدىكى ئورۇنلار ئالدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، تۈزىتىشكە بولىدىغانلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزىتىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى تۈزەش كېرەك. ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا قارىتا ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تۈزىتىپ، بىرمۇبىر رەتلەپ، تىزىملىك تۇرغۇزۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىدىكى تەلەپلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكى، مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنغان ـ ھەل قىلىنمىغانلىقى، ھازىرقى ھالەتتە ئۆزگىرىش بولغان ـ بولمىغانلىقىغا نۇقتىلىق قاراش كېرەك. ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ بولغانلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش؛ تېخى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەن ياكى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ۋاقىت قەرەلى تەلىپى ۋە خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ پۇختا بولماسلىق، ئەمەلىيلەشتۈرمەسلىك مەسىلىسى ساقلانغانلىرىغا قارىتا، ئەھۋالىنى پەرقلەندۈرۈپ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. تۈزەش ئەھۋالىدىن مەخسۇس دوكلات شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماسلىق، نەتىجە ياراتماسلىق مەسىلىلىرىنى تۈزەش كېرەك. ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى زىچ چۆرىدەپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى، بولۇپمۇ مۇھىم، زور خېيىم ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئاچقۇچلۇق ساھەلەردىكى يادرولۇق تېخنىكىدا «بوغۇلۇپ قېلىش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن تەخىرسىز مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى خىزمەت پىكىر يولى، تەدبىرى مۇۋاپىق بولماسلىق، يېتەكلەش، تۈرتكە بولۇشى كۈچلۈك بولماسلىق، مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشكە، زىددىيەتكە تېگىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق، خىزمەتلەردە ئۇزاق مەزگىلگىچە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولماسلىق، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان مەسىلىلەر ئۇزاققىچە ھەل قىلىنماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، روھسىز بولۇش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماسلىق، نەتىجە ياراتماسلىقتىكى كونكرېت ئىپادىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئىنچىكە تۈزىتىپ، تۈرمۇتۈر تۈزەش كېرەك. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەش كېرەك. دىققەتنى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ يەپ ـ ئىچىش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ سوۋغات، سوۋغاتلىق پۇل ئېلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، تەبرىكلەش ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ تۈرلۈك مۇھاكىمە يىغىنى، مۇنبەرگە قاتنىشىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەركەزنىڭ تەلىپى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، تۈزۈملەرنى قېلىپلاشتۇرۇشنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى قاتلاممۇقاتلام ئېغىرلىتىش مەسىلىسىنى تۈزەش كېرەك. «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى»نىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، دىققەتنى قاتلاممۇقاتلام ھۆججەت تارقىتىش، قاتلاممۇقاتلام يىغىن ئېچىش، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش كۆپ بولۇش، كەينى ـ كەينىدىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرمۇبىر ئەمەلىي تۇتۇپ تۈزىتىش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى باشلامچىلىق بىلەن شەكىلۋازلىق مەسىلىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. «بىر چاتاق بىلەن ئىنكار قىلىش» ۋە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاش، قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ جورىلىرىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ تىجارەت قىلىش، كارخانا قۇرۇش مەسىلىلىرىنى تۈزەش كېرەك. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر مەركەزنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئاساسەن قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە تۈزەپ، مەركەز ئورۇنلىرىدا نۇقتىدا سىناق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ قانات يايدۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش، ھوقۇقنى ئادىل يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى تۈزەش كېرەك. دىققەتنى نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى مائارىپ، داۋالاش، مۇھىت ئاسراش، يېمەكلىك، دورا بىخەتەرلىكى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەلىرىدىكى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئاممىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ناتوغرا ئىستىل ۋە «ئۇششاق چىرىكلىك» مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىستاتىستىكىدا ساختىلىق قىلىش مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەركەزلىك تۈزەش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇش مەسىلىسىنى تۈزەش كېرەك. يېزىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ناھىيەنى بىرلىك قىلىپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مەركەزلىك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، نىسبەت بەلگىلىمەي، تۈزەشكە تېگىشلىكىنىڭ ھەممىسىنى تۈزەش، «بىر كەنتتە بىر تەدبىر بولۇش» تۈزۈمى بويىچە تەرتىپكە سېلىش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. كوچا باشقارمىسى، مەھەللە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قاتارلىق باشقا ساھەلەردىكى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، مەركەزلىك تۈزەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. يېزىلاردا پارتىيەگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ھەل قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەركەشلىك ۋە قارا، رەزىل كۈچلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش ھەتتا مۇھاپىزەت كۈنلۈكى بولۇش مەسىلىسىنى تۈزەش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى «چىۋىنگە زەربە بېرىش»نى بىرلەشتۈرۈپ، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكىگە زەربە بېرىش، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، رازىمەنلىك دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە بولغان تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ۋە ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس تۈزەشنى ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى كۆزىتىش بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، ئىككى تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە ماسلاشتۇرۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەمتۈرتكە بولۇش ۋە تارماقلار بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك. تۈرلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشنى يولغا قويۇپ، ھەربىر مەخسۇس تۈزەش تۈرىنىڭ كىرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، نىشان ـ ۋەزىپىسىنى بېكىتىپ، مەسئۇلىيەت سۇبيېكتى، ئىلگىرىلەش قەرەلى ۋە خىزمەت تەدبىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرمۇتۈر ئالغا سىلجىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. باش تېما تەربىيەسى مەزگىلىدە ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلىلەرنى دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىش، بىلگەن ھامان تۈزىتىش كېرەك؛ ۋاقىتىنچە ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنى باسقۇچلۇق نىشان بېكىتىپ، چىڭ كۆزلەپ، قويۇۋەتمەسلىك، داۋاملىق تۈزەش، مەسىلە ھەل بولمىغۇچە بوشاشماسلىق، ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، ئامما ئېتىراپ قىلمىغۇچە بولدى قىلماسلىق كېرەك. مۇۋاپىق پەيتتە مەخسۇس تۈزەش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىش» كېرەك. مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىز قوغلاپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس تۈزەش جەريانىدىكى بېشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرىدا بوشاپ قېلىش، يۈزەكى قىلىپ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۈزەش جەريانىدا يېڭى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ساھەلەر، سىستېمىلار ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، سەككىز جەھەتتە مەخسۇس تۈزەشتىن سىرت، تۈزەشكە تېگىشلىك گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قاراتمىلىق ھالدا تۈزىشى كېرەك.

# باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش، ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدىكى مۇھىم سۆزىدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا مېڭىشى، ئۈلگە بولۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يادرونى ھىمايە قىلىدىغان، يادروغا ئەگىشىدىغان، يادرونى قوغدايدىغان ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغاننى قەتئىي ئۆز پېتى بېجىرىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چەكلىگەننى قەتئىي توسۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ باشلامچىلىق بىلەن نەزەرىيەنى كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىش، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىش كېرەك؛ باشلامچىلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇپ، مۇستەھكەم، كۈچلۈك ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بەرپا قىلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ باشلامچىلىق بىلەن ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ، پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىزچىل ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ھاماقەت ئەمەلدار، ھۇرۇن ئەمەلدار، چاكىنا ئەمەلدار، خىيانەتچى ئەمەلدار بولماي، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئورگان قۇرۇش كېرەك؛ باشلامچىلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ھالقىلىق پەيتلەردە ئاتاكىغا ئۆتەلەيدىغان، تاقابىل تۇرالايدىغان، غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا توپلانغان ئالتە مۇھىم تەجرىبىدە ياخشى چىڭ تۇرۇپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «بەش جۈپ مۇناسىۋەت»نى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاپ، «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»دىن ئىبارەت بۇ ھالقىلىق تۇتقىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئورگاننىڭ روشەن خۇسۇسىيىتىنى مەڭگۈ ساقلاش، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ باش تەلەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، «تۆت جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىي تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى ياخشى تۇتۇپ، ئۆگىنىشنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي ھالدا ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈگۈننى تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىنى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىپ، مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، ئەتراپلىق ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، دەل جايىدا تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، تۈزىتىش ـ تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا تۈزۈش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، «تۈزىتىش»نى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلچەش ئۆلچىمى قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا ئەمەلىي تۈزىتىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى كۆرسىتىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش، ئىختىيارىي ئارىلاپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سۆھبىتى قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى قاتتىق، ئەمەلىي كۈچەيتىپ، ياخشى قىلغانلارنى ۋاقتىدا تەقدىرلەپ، قانات يايدۇرۇشقا كۈچىمىگەنلەرنى ۋاقتىدا تەنقىدلەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، كۆرۈلگەن پەرقلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

نۇرلان ئەبلىمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق، تەستىقلارنى بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى ھەم 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت بۇ شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، پۇقرالارنىڭ بەختى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەقىل ـ پاراستى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى پىلانلىدى ۋە ئالغا سىلجىتتى، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان ئالاھىدە مۇھىم، زور قوللىشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە دائىر تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى باش ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى؛ كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى؛ مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى؛ مەڭگۈ كەتمەيدىغان قوشۇن بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى كۈچەپ ئۆستۈردى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى كۈنسېرى قويۇقلاشتۇردى؛ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. بىپايان شىنجاڭ تۇپرىقىدا ھەممىلا يەردە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشىپ سىڭدۈرۈۋاتقان ئەجرى بار، ھەممىلا يەردە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىن كەلگەن مول نەتىجىلەر بار. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان تۈركۈم ـ تۈركۈم كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى ئەڭ ئېسىل قىممەتلىك ۋاقتىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بېغىشلىدى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ زورلۇقى، قاتناشقان خادىملارنىڭ كۆپلۈكى، قاپلىغان ساھەلىرىنىڭ كەڭلىكى مىسلىسىز بولۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى زور دەرىجىدە چېنىقتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ئاممىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى زور دەرىجىدە نامايان قىلدى. پاكىت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر.

بېلىق سۇنىڭ قەدرىنى بىلگەندەك، بەختنىڭ مەنبەسىنى بىلىش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بەخت يارىتىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ مول نەتىجىلىرىنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ، پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىدىن مەڭگۈ مىننەتدار بولىدۇ، شۇنداقلا چوقۇم بۇ مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گەرچە شىنجاڭ پايتەختتىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبى باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشى، چىڭ تۇتىشىشىنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي ـ ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدۇ.